2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

مۇھىم خەۋەرلەر

# زۇڭلى لى كېچياڭ مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتناشتى ھەم جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى

(بېشى 3 ـ بەتتە)

بىز تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى قېرىنداشمىز، قان بىلەن گۆشتەك يېقىن دەپ قاراپ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك ئەھمىيەت بەردۇق. بۇ قېتىم يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىنكىگە ئوخشاش، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن، چوڭ قۇرۇقلۇقتا تەيۋەنلىك قېرىنداشلاردىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بىلەن يۇقۇملىنىپ ھاياتىدىن ئايرىلغانلار چىقمىدى. يۇقۇم ئالدىدا، بىز ئىككى قىرغاقتىكى قېرىنداشلارنىڭ ئامان ـ ئېسەن، ساغلام بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

**جۇڭگو گېزىتى مۇخبىرى:** بۇ يىل سىز ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا شەھەر ـ بازارلاردىكى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانىنىڭ تۆۋەنلىتىلگەنلىكىنى، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئېنىقلانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ يۇقۇرلىتىلغانلىقىنى تىلغا ئالدىڭىز. كەسكىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى ئالدىدا، ھۆكۈمەت ئىشسىزلىق دولقۇنىنى قانداق توسىدۇ؟ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ خىزمەت تېپىشىغا قانداق ياردەم بېرىدۇ؟

**لى كېچياڭ:** بۇ يىل بىز شەھەر ـ بازارلاردا 9 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بېكىتتۇق، ھەقىقەتەن بۇلتۇرقىدىن تۆۋەن، بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى تىرەك بولۇشى كېرەك. بىز شەھەر ـ بازارلاردا ئېنىقلانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنى %6 ئەتراپىدا قىلىپ بېكىتتۇق، بۇ يىل 4 ـ ئايدا شەھەر ـ بازارلاردا ئېنىقلانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى %6 بولدى، بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىزمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەنلىك.

ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى، بىر ئائىلە ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى چوڭ ئىش. بۇ بىر نەچچە كۈندە مەن جۇڭگو ھۆكۈمەت تورىدا قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى كۆردۈم، تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈستىدە توختالغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىر دېھقان ئىشلەمچىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ 50 نەچچە ياشتا بولۇپ، سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلغىنىغا 30 نەچچە يىل بوپتۇ، ھەر يىلى شۇنداق قىلىدىكەن، ئەمما بۇ يىل تېخىچە خىزمەت تاپالماي، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. يەنە بەزى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تىجارىتى توختاتقىنىغا نەچچە ئاي بوپتۇ. بىر قىسىم تاشقى سودا كارخانىلىرىدا ھازىر زاكاز بولمىغاچقا، خادىملارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تەسىر يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك، ئەمما نېگىزىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. جۇڭگودا 900 مىليون ئەمگەك كۈچى بار، ئۇلار ئىشقا ئورۇنلاشمىسا، پەقەت تاماق يەيدىغان 900 مىليون ئېغىز ھېسابلىنىدۇ؛ ئىشقا ئورۇنلاشسا، غايەت زور بايلىق يارىتالايدىغان 900 مىليون جۈپ قول ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر بار بولغان ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، سىياسەتنىڭ قوللىنىشقا تېگىشلىكلىرى تولۇق قوللىنىلدى، سېلىنغان پۇلمۇ ئەڭ كۆپ بولدى دېيىشكە بولىدۇ. بىز كۆلەملىك سىياسەت مەبلىغىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشكە ئىشلىتىشكە يول قويىمىز، ھەمدە كارخانىلارنىڭ ئۆي ئىجارىسىنى كېمەيتىش، ئۆسۈم ياردىمىگە ئىشلىتىشكە يول قويىمىز. بۇنداق تەدبىر قوللىنىشىمىز كارخانىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىش ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، ھەمدە ئادىل، مۇۋاپىق بولۇش ئۈچۈندۇر. بىز يەنە كارخانىلارغا ياردەم بېرىپ، تەربىيەلەش ئارقىلىق ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىمىز، بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى ئىككى يىلدا 35 مىليون ئادەم قېتىم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى قالدۇق مەبلىغى ئارقىلىق ئىش ئورنى بويىچە تەربىيەلىنىپ، ئۇلارغا ئۆزىنى تەڭشەپ بىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلىدۇ. ئىشسىز قالغان تەقدىردىمۇ، يەنە تىرىشىپ ئۇلارنى قىسقا مەزگىل ئىچىدە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى يارىتىپ بېرىمىز. ھازىر يېڭى كەسىپ ھالىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا تەخمىنەن 100 مىليون ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. بىزنىڭ كۆنۈلۈك ئىشلەمچىلىك ئىگىلىكىمىزدىمۇ 200 مىليون ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. تېخىمۇ كۆپ يول ئېچىش سىياسىتىنى قوللىنىپلا قالماي، بەلكى مۇۋاپىق بولمىغان ھەر خىل رامكا ـ قېلىپلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنىنى يېتىلدۈرىمىز. بۇلتۇر بىزنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە ساپ كۆپەيگەن كارخانىمىز 10 مىڭدىن ئاشتى، بۇ يىلمۇ مۇشۇ نىشان بويىچە تىرىشىمىز.

خەلق ئاممىسى چەكسىز ئىجادچانلىققا ئىگە. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىنى ئەسلىسەك، زور تۈركۈمدىكى زىيالىي ياشلار شەھەرلەرگە قايتقان، شۇ چاغدا بىر «چوڭ چىنە چاي»لا قانچىلىغان ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلغانىدى! ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، مەن غەربىي قىسىمدىكى بىر شەھەردە، شۇ جاينىڭ قائىدىسى بويىچە 36 مىڭ كوچىچە تىجارەتچى ئۈچۈن ياپما ئورنى تەسىس قىلىنغانلىقى، نەتىجىدە بىر كېچىدىلا 100 مىڭ ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆردۈم. جۇڭگو خەلقى ئەمگەكچان، جۇڭگونىڭ بازارلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز ئېچىلىۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسى ئۆسۈۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا قارىتا، بىزنىڭ نۇقتىلىق يول ئېچىش سىياسىتىمىز بار. بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر سانىدا يېڭى يۇقىرى رېكورت يارىتىلىپ، 8 مىليون 740 مىڭ ئادەمگە يېتىدۇ، ئۇلارنى «يېپى ئۈزۈلمەيدىغان لەگلەك»كە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى ئىككى يىلدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن سىجىل تەمىنلەيمىز. دېھقان ئىشلەمچىلەرگە قارىتا، مەيلى دائىم تۇرۇشلۇق جايدا ياكى يۇرتىغا قايتقاندا بولسۇن، ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سۈپىسى بىلەن تەمىنلەيمىز. ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرگە قارىتا، ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز.

**فېڭخۇاڭ سۇنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسى مۇخبىرى:** بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن ـ تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ ھەقتە مەخسۇس قانۇن تۈزىدۇ. بۇ، مەركەزنىڭ شياڭگاڭغا قاراتقان سىياسىتىنى تەڭشىگەنلىكىنى بىلدۈرەمدۇ ـ يوق، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»دىن ۋاز كەچكەنلىك بولامدۇ ـ يوق؟ نۆۋەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىنكاسىغا سىز قانداق قارايسىز؟

**لى كېچياڭ:** «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى، مەركىزىي ھۆكۈمەت باشتىن ـ ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۈكسەك ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەكىتلەپ كەلدى، قەتئىي ھالدا ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە باش مەمۇرنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشىنى قوللىدى، بۇ ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. سىز تىلغا ئالغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئەمدىلا ماقۇللىغان دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش توغرىسىدىكى قارار «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شياڭگاڭنىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى ۋە مۇقىم بولۇشىنى قوغداش ئۈچۈندۇر.

**ئامېرىكا مەملىكەتلىك رادىيو شىركىتىنىڭ مۇخبىرى:** ئامېرىكا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەر شارى بويىچە كەڭ تارقىلىشىنى داۋاملىق جۇڭگوغا دۆڭگەۋاتىدۇ، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدىكى «يېڭى سوغۇق ئۇرۇش» توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ قاراشلار پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى تەرەپ ئەمەلدارلىرى يەنە قانداق قىلغاندا ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىقتىساد ـ سودا كېلىشىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، سىز جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ۋە يول قويۇشى ئامېرىكا تەرەپ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ دەپ قارامسىز؟ ئەگەر ھەمكارلىشىش تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بولسا، جۇڭگو ئىقتىسادى «يېڭى سوغۇق ئۇرۇش» ۋە «ئالاقىنى ئۈزۈش» تەھدىتىگە تاقابىل تۇرالامدۇ ـ يوق؟

**لى كېچياڭ:** ھازىر جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدە ھەقىقەتەن بەزى يېڭى مەسىلىلەر، يېڭى خىرىسلار كۆرۈلدى. جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ناھايىتى مۇھىم، ئىككى دۆلەت ئوخشاشلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلەر بولۇپ، ئەنئەنىۋى ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتلەردە، ھەمكارلىشىشقا بولىدىغان ھەمدە ھەمكارلىشىشقا تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان جايلار بار، ئىقتىساد ـ سودا، پەن ـ تېخنىكا، ئادەمىيەت جەھەتلەردىمۇ كەڭ ئالاقىسى بار، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا كەڭ ئورتاق مەنپەئەت مەۋجۇت. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ھەمكارلاشسا ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق، ئېلىشسا ئىككىلا تەرەپكە زىيانلىق، بۇ ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا بەزى مەسىلىلەر يۈزبەرگەندىن كېيىن دۇنيانىڭ ئەندىشىسىنى قوزغايدۇ. سىز تىلغا ئالغان «يېڭى سوغۇق ئۇرۇش»قا كەلسەك، بىز ئەزەلدىن «سوغۇق ئۇرۇش» تەپەككۇرىدىن ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدۇق. ئاتالمىش «ئالاقىنى ئۈزۈش»نى ئىككى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىنىڭ «ئالاقىنى ئۈزۈشى» دېيىشكە بولىدۇ، بۇ ھېچكىمگە پايدىلىق ئەمەس، شۇنداقلا دۇنياغا زىيان يەتكۈزىدۇ. بىز ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ھاسىل قىلغان مۇھىم ئورتاق تونۇش بويىچە، ماسلىشىش، ھەمكارلىق، مۇقىملىقنى ئاساسىي رىتىم قىلغان جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۆزئارا سىڭىشكەن، ھازىرغىچە داۋاملىشىشى ئاسانغا توختىمىدى، ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا بۇنىڭدىن پايدا ئالدى. بۇ، بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، ئامېرىكىنىڭ بىر يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا شىركىتىنىڭ جۇڭگو ۋۇخەندىكى مەبلەغ سېلىش تۈردە ئىش باشلىغانلىقىنى جاكارلىغانلىقىنى ئېسىمگە سالدى. بۇ مېنىڭ سودا ئېلانى بەرگىنىم ئەمەس، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن، شۇڭا تەبرىك خېتى ئەۋەتتىم. بۇ مىسال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا سودا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا ئېھتىياجى بار، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى سودا ھەمكارلىقىدا سودا قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش كېرەك، بۇنىڭدا بازار تاللىشى، كارخانىچىلار ھۆكۈم قىلىشى، ئاخىرقى قارارنى چىقىرىشى، ھۆكۈمەت سۇپا قۇرۇش رولىنى ئوينىشى كېرەك. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ بىرى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، بىرى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەت بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار، زىددىيەت مەۋجۇت، ئىختىلاپلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، مەسىلە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا. جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ھەمكارلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇرەككەپ بولدى، بۇنىڭدا ئەقىل ـ پاراسەت ئارقىلىق ئورتاق مەنپەئەتنى كېڭەيتىپ، ئىختىلاپ ۋە زىددىيەتلەرنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشكە توغرا كېلىدۇ. قىسقىسى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، قارشى تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. بۇ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ، دۇنياغىمۇ پايدىلىق.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى:** بۇ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدا توختالغاندا، بىز ئاڭلىغان قېتىم سانى ئەڭ كۆپ سۆز دەل «مۇقىملاشتۇرۇش» ۋە «كاپالەتلىك قىلىش» بولدى. زۇڭلىدىن سوراپ باقسام، بۇنىڭ بىلەن بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇھىم نۇقتىسى نېمە؟

**لى كېچياڭ:** جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغان 40 نەچچە يىللىق تەجرىبىلىرى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، قانچىكى قىيىنچىلىق بولسا، ئىسلاھاتتا شۇنچە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ ماكرولۇق سىياسىتىمىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مۇقىملاشتۇرۇش» ۋە «كاپالەتلىك قىلىش»قا بازار سۇبيېكتى ئارقىلىق تىرەك بولۇندۇ، شۇنداقلا ئۇ بازار سۇبيېكتىدىكى قىيىنچىلىق ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە يۈزلىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ ئۆزى دەل بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىدىكى ئۇسۇللاردۇر.

بىز ئالدى بىلەن بازار سۇبيېكتىنى جانلاندۇرىمىز. سىياسەتنىڭ ھەقىقىي ئالتۇن ـ كۈمۈشى ئاساسلىقى بازار سۇبيېكتىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈندۇر. ھەقىقىي ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە يەتكۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ قېتىمقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا: كەلگۈسى تەرەققىياتقا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك، دېيىلدى. بىزدە ھازىر 120 مىليون بازار سۇبيېكتى بار، ئۇلار دەل كەلگۈسىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلار، ئۇلار ئېلىپ قېلىنسا، كەلگۈسى تەرەققىياتقا ئىمكانىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

بازار سۇبيېكتىنى جانلاندۇرۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئۇلارنى ئاكتىپلاشتۇرۇش كېرەك. بازارلاشقان، قانۇنچىلاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ، مۇۋاپىق بولمىغان ھەر خىل رامكا ـ قېلىپلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئادىل رىقابەتلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ خىل تەدبىر قارىماققا شەكىلسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شەكىللىك بايلىق يارىتالايدۇ، ياخشى ئىشلىگەندە، ئۇ ھەقىقىي ئالتۇن ـ كۈمۈش سېلىنمىسىدىن قېلىشمايدۇ.

يەنە بىر گەپ، يېڭى بازار سۇبيېكتىنى تېخىمۇ كۆپ يېتىلدۈرىمىز. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىگە مەلۇمكى، بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا، توردىن مال سېتىۋېلىش، تېز يەتكۈزۈش، بۇلۇت ئارقىلىق ئىش بېجىرىش قاتارلىق بەزى يېڭى كەسىپ ھالەتلىرىدە ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە ئېشىش كۆرۈلۈپ، بەزى تىجارەت كىرىملىرى ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئېشىپلا قالماي، بەلكى ھازىر يېڭى كەسىپ ھالەتلىرى يەنە ئارقىدىن بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ بۇ يىللاردىن بۇيانقى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشنى قانات يايدۇرغانلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز بۇ تەجرىبىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى، يېڭى بازار سۇبيېكتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولىمىز. بۇ يىل بىز كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 مىڭ ئەتراپىدىكى كارخانىنى يېڭىدىن رويخەتكە ئېلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز، بۇ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆزىتىدىغان بىر مۇھىم كۆرسەتكۈچ.

بىزنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز چوڭ كارخانىلارغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمىز ئەمەس، يەنىلا چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، بىللە گۈللىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، شۇنداقلا بەزى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ كەلگۈسىدە چوڭ كارخانىلاردىن بولۇپ يېتىلىپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ يىل بىز قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش سىياسىتىنىڭ قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپلا قالماي، يەنە تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ياخشىلاشنىڭ روشەن بولغان ـ بولمىغانلىقىغىمۇ قارايمىز، بۇنداق بولغاندا كۆپەيتكۈچى ئېففېكتى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ.

**ياپونىيە ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر ئاگېنتلىقى مۇخبىرى:** دۇنيا ئىقتىسادى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ يامرەشى سەۋەبلىك ئېغىر زەربىگە ئۇچرىماقتا، جۇڭگو يۇقۇمنى تىزگىنلىدى، بۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش پىلانى بارمۇ ـ يوق؟ جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ـ ياپونىيە ـ كورېيە ئەركىن سودا كېلىشىمى ۋە ئەركىن سودا سىستېمىسى ئورنىتىش جەھەتتىكى پىلانىنى قانداق ئالغا سىلجىتىدۇ؟ جۇڭگونىڭ تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋەتتى كېلىشىمى (TPP)گە قاتنىشىش ئويى بارمۇ؟

**لى كېچياڭ:** بۇلتۇرقى شەرقىي ئاسىيا ھەمكارلىقى رەھبەرلىرىنىڭ بىرقاتار يىغىنلىرىدا، 15 دۆلەتنىڭ رەھبىرى بۇ يىل رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋەتتى كېلىشىمنى قەرەلىدە ئىمزالاشقا ئورتاق ۋەدە بەردى، مەن بۇ ۋەدىنىڭ يوققا چىقماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەم ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن. بىزمۇ جۇڭگو ـ ياپونىيە ـ كورېيە ئەركىن سودا رايونى قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىۋاتىمىز. جۇڭگو ـ ياپونىيە ـ كورېيەنىڭ ھەممىسى يېقىن قوشنىلار، بىز ئىقتىسادىي چوڭ ئايلىنىش داۋامىدا جۇڭگو ـ ياپونىيە ـ كورېيە ئىقتىسادىي كىچىك ئايلىنىشى بەرپا قىلىشنى خالايمىز. مەسىلەن، يېقىندا جۇڭگو بىلەن كورېيە سودا ئىشلىرى، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى خادىملار ئۆتۈشلۈق بېرىش ـ كېلىش قىلالايدىغان تېز، قولايلىق يول ئاچتى، بۇ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، سۇ بويىدىكى راۋاققا ئاي شولىسى بالدۇر چۈشىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

بايا سىز تىلغا ئالغان TPPغا كەلسەك، مېنىڭ چۈشەنچەم، ئۇ ئومۇميۈزلۈك ۋە ئىلغار تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋەتتى كېلىشىمى (CPTPP)نى كۆرسىتىشى مۇمكىن. CPTPPغا قاتنىشىشقا قارىتا جۇڭگو تەرەپ ئاكتىپ، ئوچۇق پوزىتسىيە تۇتىدۇ.

**خەلق گېزىتى مۇخبىرى:** بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، لېكىن يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر قايتا نامراتلىشىپ كېتىشكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىغىلى بولامدۇ؟ ھۆكۈمەت ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىنى قانداق كاپالەتلەندۈرىدۇ؟

**لى كېچياڭ:** جۇڭگو نوپۇسى كۆپ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، بىزنىڭ ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى يىللىق كىشى بېشى كىرىمىمىز 30 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى، لېكىن 600 مىليون ئوتتۇرا، تۆۋەن كىرىملىك ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن سەۋىيەدىكى كىشىلەر توپى بار، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىمى 1000 يۈەن ئەتراپىدىلا، 1000 يۈەنگە بىر ئوتتۇراھال شەھەردە ئۆي ئىجارە ئېلىشمۇ تەس بولۇشى مۇمكىن، ھازىر يەنە يۇقۇمغا دۇچ كەلدۇق. يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، خەلق تۇرمۇشى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ. قانداق قىلغاندا قىيىنچىلىقى بار ئامما ۋە يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، بىز بۇ خىزمەتنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويىمىز. بىز قوللانغان قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش سىياسىتىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئورۇندايمىز، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتكە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى. ئەسلىدىكى ھېسابات بويىچە يەنە 5 مىليوندىن ئارتۇق نامرات نوپۇس بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، بىر قىسىم كىشىلەر قايتا نامراتلىشىپ كېتىشى مۇمكىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بىز كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىمىز، بولۇپمۇ تەدبىر قوللىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تۆۋەن چېكىنى تولۇق ساقلايمىز، بىزنىڭ بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ئىشەنچىمىز بار.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)